# غەيرەت ـ جاسارەتكە تولۇپ، يەلكەن چىقىرىپ قايتا سەپەرگە ئاتلىنىش

(بېشى 1 ـ بەتتە)

## باشلامچىلىق بىلەن ئۈلگە كۆرسىتىش ئۆز ئەمەلىيىتىدە كۆرسىتىش

«جۇڭگو خەلقىنى بەختكە ئېرىشتۈرۈش، جۇڭخۇا مىللىتىنى گۈللەندۈرۈش جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ ئەسلى مەقستى ۋە بۇرچى، ئەۋلادمۇئەۋلاد جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنى ئالدىنقىلارنىڭ ئىزىنى كېيىنكىلەر بېسىپ، باتۇرلۇق بىلەن كۈرەش قىلىشقا ئىلھاملاندۇرىدىغان تۈپ ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ.» باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ باش تېما تەربىيەسى خىزمىتى يىغىنىدا قىلغان جاراڭلىق سۆزى پۈتۈن پارتىيە ئەزالىرىنىڭ قايناق ھېسسىياتىنى يەنە بىر قېتىم ئۇرغۇتتى.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 95 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنىدا پۈتۈن پارتىيەگە «ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلەش» ئۇلۇغ چاقىرىقى چىقىرىشتىن پارتىيە 19 ـ قۇرۇلتىيىدا «ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش»نى يىغىننىڭ باش تېمىسىغا كىرگۈزۈشكىچە، پارتىيە 19 ـ قۇرۇلتىيىدىن كېيىن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى 1 ـ قۇرۇلتىيى ئېچىلغان جايغا، نەنخۇ كۆلىدىكى قىزىل كېمىگە ھۆرمەت بىلدۈرىدىغان «ئەسلى مەقسەت سەپىرى»دىن پارتىيە 19 ـ قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش تەتقىقات ـ مۇھاكىمە كۇرسى، مەركىزىي كومىتېت پارتىيە مەكتىپى(دۆلەت مەمۇرىيەت شۆيۈەنى) ئوتتۇرا ياش، ياش كادىرلارنى تەربىيەلەش كۇرسىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا قىلىنغان مۇھىم سۆزگىچە، باش شۇجى شى جىنپىڭ باشلامچىلىق بىلەن ئۈلگە كۆرسىتىپ، سەممىي سۆز قىلىپ، پۈتۈن پارتىيە ئۈچۈن ئەسلى مەقسەتنى قايتا ئەسلەش، ئەسلى مەقسەتنى ھېس قىلىش، ئەسلى مەقسەتنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىشتە ئەڭ ياخشى ئۈلگە بولدى.

باش شۇجى شى جىنپىڭ كۆپ قېتىم باش تېما تەربىيەسىنى ياخشى پىلانلاش، ياخشى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا مۇھىم يوليورۇق بەردى، تەستىق سالدى. 5 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى، ئۇ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئېچىپ، باش تېما تەربىيەسىنى مەخسۇس تەتقىق قىلدى، ئورۇنلاشتۇرما قىلدى، ئېنىق تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى.

5 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنىدىن 22 ـ كۈنىگىچە، جياڭشىدا خىزمەتلەرنى تەكشۈرگەندە، باش شۇجى شى جىنپىڭ ئالايىتەن قىزىل ئارمىيە ئۇزۇن سەپىرى باشلانغان جاي يۈدۇغا كېلىپ، قايىنام ـ تاشقىنلىق يىللارنى ئەسلەپ، ئىنقىلابىي قۇربانلارنى ياد ئەتتى، ئىنقىلاب بايرىقىنى داۋاملىق ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئۇلۇغ ئۇزۇن سەپەر روھىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىش نىشانىغا قاراپ جاسارەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەشنى تەكىتلىدى؛ ھەم ئوتتۇرا قىسىم رايونلارنىڭ قەد كۆتۈرۈشىگە تۈرتكە بولۇش خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئاچقاندا، باش تېما تەربىيەسىنى ياخشى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا يەنە بىر قېتىم تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى.

تۈمەن چاقىرىملىق مۇساپىدە، ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماسلىق كېرەك. بۇ يىل جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقى، شۇنداقلا پارتىيەمىزنىڭ پۈتۈن مەملىكەتتە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقانلىقىنىڭ 70 ـ يىلى، مۇشۇ پەيتتە بۇ قېتىمقى باش تېما تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇش دەل ۋاقتىدا بولدى.

باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ «ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى خىزمىتى يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزى خۇددى جەڭگە ئاتلىنىش بۇيرۇقىغا ئوخشاش باش تېما تەربىيەسىنىڭ مۇقەددىمىسىنى باشلىدى، پۈتۈن پارتىيە يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە دەرھال ھەرىكەتكە كەلدى.

1 ـ تۈركۈمدە قانات يايدۇرىدىغان ئورۇنلارنىڭ پارتىيە تەشكىلاتلىرى پارتكوم، پارتگۇرۇپپا (كېڭەيتىلگەن) يىغىنى، پارتكوم دائىمىي كومىتېت يىغىنى، نەزەرىيە ئۆگىنىش مەركىزىي گۇرۇپپىسىنىڭ ئۆگىنىش يىغىنى قاتارلىقلارنى دەرھال ئېچىپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزى ۋە خىزمەت يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى، ئۆگەندى.

كۆپچىلىك بىردەك مۇنداق قارىدى: «ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇش يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئۇلۇغ كۈرەش، ئۇلۇغ قۇرۇلۇش، ئۇلۇغ ئىش، ئۇلۇغ ئارزۇنى بىرتۇتاش ئىگىلەپ چاقىرغان مۇھىم، زور ئورۇنلاشتۇرمىسى بولۇپ، پارتىيەمىزنىڭ ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، قايتا جابدۇنۇپ قايتا سەپەرگە ئاتلىنىشتىكى روشەن پوزىتسىيەسىنى ئىپادىلىدى، يېڭى دەۋردىكى يېڭى بۇرچنى چوڭقۇر ئىگىلەشنى نامايان قىلدى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ يېڭى دەۋردىكى پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشنى ئالغا سىلجىتىشتىكى قەتئىي ئىرادىسى ۋە ئىستراتېگىيەلىك ئويدىلىنىشىنى نامايان قىلدى.

كۆپچىلىك بىردەك مۇنداق بىلدۈردى: يۈكسەك سىياسىي ئاڭلىقلىق، كەسكىن سىياسىي پوزىتسىيە، تولۇپ تاشقان سىياسىي قىزغىنلىق بىلەن باش تېما تەربىيەسىگە ئاتلىنىپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، باش تېما تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇشنى بىرتۈرلۈك مۇھىم، زور سىياسىي ۋەزىپە قىلىپ چىڭ تۇتىمىز، ياخشى تۇتىمىز.

بۇ، ئىشنى ئۆزىدىن باشلايدىغان تەشەببۇسكارلىق، مەسئۇلىيەتچانلىق ——

مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئورگىنى، گوۋۇيۈەن ئورگىنى، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش ئورگىنى قاتارلىقلار دەرھال يەتكۈزۈش، ئۆگىنىش ۋە ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى كونكرېت ئورۇنلاشتۇردى؛ مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، دۆلەت رېۋىزىيە كومىتېتى ئورگىنى، مەركىزىي كومىتېت بەنگۇڭتىڭى، مەركىزىي كومىتېت تەشكىلات بۆلۈمى، مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمى، مەركىزىي كومىتېت سىياسەت تەتقىقات ئىشخانىسى، مەركەز ئىسلاھات ئىشخانىسى قاتارلىقلار تېزدىن سەپەرۋەرلىك، ئورۇنلاشتۇرما يىغىنى ئېچىپ، باش تېما تەربىيەسىنى ئىنچىكە ئورۇنلاشتۇرما قىلدى؛ مەركىزىي كومىتېت سىياسىي ـ قانۇن كومىتېتى، مەركىزىي كومىتېت مالىيە ـ ئىقتىساد ئىشخانىسى، مەركىزىي كومىتېت تاشقى ئىشلار ئىشخانىسى قاتارلىقلار زىممىسىدىكى سىياسىي ۋەزىپىگە زىچ بىرلەشتۈرۈپ، باش تېما تەربىيەسىنى يولغا قويۇش لايىھەسىنى تۈزدى.

ھەرقايسى رايونلار، ھەرقايسى تارماقلار، ھەرقايسى ئورۇنلاردىكى پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى «بىرىنچى مەسئۇل كىشى»لىك مەسئۇلىيىتىنى ھەقىقىي زىممىسىگە ئېلىپ، ئۆزى ئۈلگە بولۇپ، ئالدىغا ئۆتۈپ قوماندانلىق قىلىپ، رىياسەتچىلىك قىلىپ يىغىن ئېچىپ، لايىھەنى ئۆزى تەكشۈرۈپ بېكىتىپ، باش تېما تەربىيەسىگە بولغان تەشكىلىي رەھبەرلىك ۋە ماسلاشتۇرۇش، يېتەكچىلىكنى ھەقىقىي كۈچەيتتى.

بۇ، ئۆز ئەمەلىيىتىدە كۆرسىتىدىغان ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈنۈمى ——

مەركەز باش تېما تەربىيەسى خىزمىتى يىغىنى ئېچىلىشتىن بۇرۇن، شاڭخەي، خېنەن قاتارلىق نۇرغۇن جاي ۋە ئورۇن بالدۇر تەييارلىق كۆرۈپ، بالدۇر قەدەم ئېلىپ، باش تېما تەربىيەسىنى يولغا قويۇش لايىھەسىنى ئالدىن پىلانلىدى.

خىزمەت يىغىنى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ھەرقايسى رايونلار، ھەرقايسى تارماقلار، ھەرقايسى ئورۇنلار چاقماقتەك چاققان بولۇپ، خەۋەر تاپقان ھامان ھەرىكەتكە كېلىپ، دەرھال رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ۋە ئۇنىڭ ئىشخانىسىنى قۇردى، خىزمەت لايىھەسى تۈزدى، ئورۇنلاشتۇرما يىغىنى ئاچتى. نۆۋەتتە، 31 ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، شەھەر ھەمدە شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى، مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرى، خەلق تەشكىلاتلىرى قاتارلىق 116 ئورۇن، 68 مەركەز باشقۇرىدىغان پۇل مۇئامىلە كارخانىسى ۋە مەركەز باشقۇرىدىغان كارخانا بىردەك باش تېما تەربىيەسىنى باشلىدى.

مەركەزنىڭ بىرتۇتاش ئورۇنلاشتۇرمىسىغا ئاساسەن، 34 مەركەز يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسى باش تېما تەربىيەسىنى قانات يايدۇرىدىغان ئورۇنلارغا بېرىپ، ياخشى روھىي ھالەت بىلەن خىزمەتكە تېز ئاتلاندى.

6 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى، مەركەز يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسىنىڭ تەربىيەلەش يىغىنى بېيجىڭدا ئېچىلدى، يىغىندا ئىدىيەۋى سەپەرۋەرلىك ۋە كەسپىي تەربىيەلەش ئېلىپ بېرىلدى. يېتەكچىلىك گۇرۇپپىلىرى بىر قەدەم بالدۇر ئۆگىنىش، ئىنچىكرەك ئۆگىنىش، چوڭقۇرراق ئۆگىنىشتە چىڭ تۇرۇپ، مەركەزنىڭ روھىنى ۋاقتىدا يەتكۈزۈپ، ئالاقىلەشكەن ئورۇنلارنىڭ ئەھۋالىنى چوڭقۇر ئىگىلەپ، باش تېما تەربىيەسىنى يولغا قويۇش لايىھەسىنى ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ، تەپەككۇردا يېڭىلىق يارىتىش، مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈش ئۈستىدە كۈچەپ ئىزدىنىپ، يېتەكچىلىك ئالدىدا بولۇش، نازارەتچىلىك جايىدا بولۇش، ئەمەلىي ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى.

## مەركەزنى چۆرىدەش ئومۇمىي ۋەزىيەتكە مۇلازىمەت قىلىش

ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇمىغاندىلا ئاندىن جاسارەت بىلەن نەتىجە ياراتقىلى بولىدۇ؛ بۇرچنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، تىرىشىپ يەنە شانلىق نەتىجە يارىتىش كېرەك.

چوڭ ئىشقا بىرلەشتۈرۈشنى ياخشى قىلىپ، باش تېما تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇشنى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرمىسى، قىلىۋاتقان ئىشى بىلەن بىرلەشتۈرۈشتە، ئۆز تارمىقى، ئۆز رايونى، ئۆز ئورنىنىڭ مەركىزىي خىزمىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇش ——

بېيجىڭ ئەڭ ياخشى ئۆلچەمدە چىڭ تۇرۇپ، پۈتۈن شەھەردىكى كەڭ پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلاردىن تېخىمۇ جاسارەت بىلەن نەتىجە يارىتىپ، پايتەختنىڭ يېڭى تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇشنى تەلەپ قىلدى؛ گۇاڭدۇڭ ھەقىقىي تۇتۇپ ئەمەلىي ئىشلەشنى تەكىتلەپ، گۇاڭدۇڭ ـ شياڭگاڭ ـ ئاۋمېن چوڭ قولتۇق رايونى قۇرۇلۇشى قاتارلىق نۇقتىلىق خىزمەتلەرنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ئالغا سىلجىتتى؛ ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى باش تېما تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇش بىلەن سوت قىلىش، ئىجرا قىلىش ۋەزىپىسىنى تاماملاشنى بىرلەشتۈرۈشنى ئېنىق تەلەپ قىلدى؛ مەركىزىي كومىتېت پارتىيە مەكتىپى(دۆلەت مەمۇرىيەت شۆيۈەنى) باش تېما تەربىيەسىنىڭ ئومۇمىي تەلىپى، ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئۇيغۇنلاشقان ئوقۇتۇش دەرسلىكىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان رەھبەرىي كادىرلارنىڭ باش تېما تەربىيەسىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئورۇنلاشتۇرۇش قىلدى؛ جۇڭگو خەلق بانكىسى باش تېما تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇشنى نۆۋەتتىكى پۇل مۇئامىلە ئىسلاھاتى، تەرەققىياتى، مۇقىملىقىدىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەش بىلەن بىرلەشتۈردى.

گوۋۇيۈەن دۆلەت مۈلكىنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش كومىتېتى كومىتېت باشقۇرىدىغان دۆلەت كارخانىلىرى پارتكوملىرىدىن سىياسىي يۈكسەكلىكنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى مەركەز كارخانىلىرىدىكى چوڭ ئۆگىنىش، چوڭ ئومۇملاشتۇرۇش، چوڭ ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مۇھىم، زور تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنىڭ مەركەز كارخانىلىرىدا ئەمەلىيلىشىپ يىلتىز تارتىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشنى ئېنىق تەلەپ قىلدى؛ جۇڭگو قۇرۇلۇش بانكىسى، جۇڭگو يېجۇڭ گۇرۇھى، جۇڭلياڭ گۇرۇھى، جۇڭلۇ گۇرۇھى قاتارلىقلار باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ شۇ كارخانا، شۇ ساھە توغرىسىدىكى مۇھىم تەستىقى، يوليورۇقىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى زىچ چۆرىدەپ، باش تېما تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇشنى پۇرسەت بىلىپ، بارلىق پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلارنى جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەشكە، ئاكتىپ نەتىجە يارىتىشقا يېتەكلىدى؛ جۇڭگو خۇادىيەن، جۇڭگو سودا ئايروپىلانى، سودىگەر چاقىرىش ئىدارىسى، يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات بانكىسى قاتارلىقلار ئاڭلىق ھالدا باش تېما تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇش جەريانىنى يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش جەريانى قىلىپ، كارخانىنىڭ ئىسلاھات تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش بىلەن زىچ بىرلەشتۈردى.

بىر نىيەتتە خەلقنى كۆزلەپ ئاساسىي مەقسەتنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، خەلقنىڭ گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان ئىنتىلىشىنى ئۈزلۈكسىز قاندۇرۇش ——

گەنسۇ باش تېما تەربىيەسىنىڭ نەتىجە ـ ئۈنۈمىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جىڭىدە غەلىبە قىلىشتا نامايان قىلىشنى تەكىتلىدى؛ مائارىپ مىنىستىرلىقى «مائارىپ ئارقىلىق ۋەتەنگە جاۋاب قايتۇرۇپ ئەسلى مەقسەتنى ساقلاش»تا چىڭ تۇرۇپ، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئاساسىي مەقستىنى ئەستە چىڭ ساقلاشنى ئوتتۇرىغا قويدى؛ دۆلەت سەھىيە ـ ساغلاملىق كومىتېتى خەلق ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىپ قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش جەھەتتە ئەمەلىي تەدبىر قوللىنىپ، خەلق ئاممىسى كېسەل كۆرسىتىش، داۋالىنىش، كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش، كېسەلنى داۋالاش جەھەتلەردىكى بىر قىسىم كۆڭۈل بۆلىدىغان ئىشلار، غەم قىلىدىغان ئىشلار، ئەنسىرەيدىغان ئىشلارنى كۈچەپ ھەل قىلىشنى تەكىتلىدى؛ خەلق ئىشلىرى مىنىستىرلىقى خەلق ئىشلىرىدا يېڭىلىق يارىتىش، ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى يەنىمۇ ئالغا سىلجىتىپ، كەڭ خەلق ئىشلىرى مۇلازىمەت ئوبيېكتلىرىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسىنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى؛ دۆلەت بازار نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش باش ئىدارىسى ئىستېمالچىلار ھەممىدىن ئەلا دەيدىغان ئىدىيەنى كۈچەپ تۇرغۇزۇپ، ئىستېمالچىلارنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى قوغداش جەھەتتە يېڭى نەتىجە يارىتىش كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

مەسئۇلىيەتنى باتۇرلۇق بىلەن زىممىگە ئېلىپ نەتىجە يارىتىپ، پارتىيە ۋە دۆلەت خىزمىتى ئومۇمىي ۋەزىيىتى ئۈچۈن ئاكتىپ مۇلازىمەت قىلىش ——

دىپلوماتىيە مىنىستىرلىقى تېخىمۇ كۆتۈرەڭگۈ روھىي ھالەت بىلەن يېڭى دەۋر جۇڭگوچە چوڭ دۆلەت دىپلوماتىيەسىنى ئالغا سىلجىتىشتىكى مۇھىم، زور بۇرچنى ھەقىقىي زىممىگە ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈردى؛ جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىقى باش تېما تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇشنى «يېڭى بۇرچنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىش، كاتتا مەرىكىنى سادىقلىق بىلەن قوغداش» ئەمەلىيەت پائالىيىتى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىش بىلەن بىرلەشتۈردى؛ سودا ئىشلىرى مىنىستىرلىقى «تاشقى سودىنى مۇقىملاشتۇرۇش، تاشقى مەبلەغنى مۇقىملاشتۇرۇش، ئىستېمالنى ئىلگىرى سۈرۈش بويىچە چوڭ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش» «يېڭى دەۋردىكى سودا ساھەسىدىكى خەۋپ ـ خەتەرگە تاقابىل تۇرۇش تەدبىرلىرىنى تەتقىق قىلىش» قاتارلىق ئون نۇقتىلىق تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش تېمىسىنى بېكىتتى؛ جۇڭگو سودىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيىتى، جۇڭگو جياۋمىنلار بىرلەشمىسى قاتارلىق ئاممىۋى تەشكىلاتلار باش تېما تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇشنى دۆلەتنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئومۇمىي ۋەزىيىتىگە مۇلازىمەت قىلىش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، دۆلەت ئىچى ـ سىرتىدىكى جۇڭخۇا پەرزەنتلىرىنىڭ جۇڭگو ئارزۇسىنى بىر نىيەتتە ئورتاق ئىشقا ئاشۇرۇش كۈچىنى مۇجەسسەملەيدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

## مەۋقەنى ئەمەلىيەتكە قويۇش توغرا يولدا چىڭ تۇرۇپ يېڭىلىق يارىتىش

6 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، خېبېي پىڭشەن ناھىيەسىدىكى شىبەيپودا سەپەرۋەرلىك، ئورۇنلاشتۇرما يىغىنى ئېچىپ، «بەش چوڭ شۇجى ھەيكىلى»گە گۈل تەقدىم قىلىپ، پارتىيە 7 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 2 ـ ئومۇمىي يىغىنى ئېچىلغان ئورۇندا پارتىيەگە كىرىش قەسىمىنى تەكرارلاپ، مۇشۇنداق ئۇسۇل ئارقىلىق پۈتۈن ئۆلكە بويىچە باش تېما تەربىيەسىنى باشلىدى.

ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار، ھەرقايسى ئورۇنلار مەۋقەنى ئەمەلىيەتكە قويۇپ، باش تېما تەربىيەسىنى ئىجادىي قانات يايدۇرۇپ، تىرىشىپ ئەڭ ياخشى نەتىجە ـ ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈردى.

—— نەزەرىيە ئۆگىنىش شەكلى، ئۇسۇلىدا يېڭىلىق يارىتىپ، چوڭقۇر ئۆگىنىپ تولۇق ئۆزلەشتۈرۈش، ھەقىقىي ئۆگىنىپ ھەقىقىي ئىشىنىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش.

شىنجاڭ پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر مىللەت پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلارنىڭ بىر قېتىملىق نەزەرىيە چوڭ ئۆگىنىشكە تۈرتكە بولۇشنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا، قەلبلەرگە سىڭدۈرۈشكە، ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە تۈرتكە بولدى؛

مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرى خىزمەت كومىتېتى خىزمەت كومىتېتى نەزەرىيە ئۆگىنىش مەركىزىي گۇرۇپپىسى، نەزەرىيە ئۆگىنىش چوڭ دەرسخانىسى، ھەرقايسى تارماقلار(ئورۇنلار) پارتگۇرۇپپىلىرى، ياشلار نەزەرىيە ئۆگىنىش گۇرۇپپىسى، پارتىيە ئەزالىرى «بەش ئۆگىنىش بىرلەشمە ھەرىكەت» مېخانىزمى ئورنىتىشنى ئوتتۇرىغا قويدى؛

مەركىزىي كومىتېت بىرلىك سەپ بۆلۈمى رەھبىرىي كادىرلار پارتىيە دەرسى سۆزلەش، زېھىن سىناش مۇسابىقىسى، ياش كادىرلار تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنى، نەزەرىيە ماقالىلىرى قوبۇل قىلىش قاتارلىق پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇرۇشنى ئوتتۇرىغا قويدى؛

جىددىي ۋەقەلەرنى باشقۇرۇش مىنىستىرلىقى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش، ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئاپەتنى ئازايتىش، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش، جىددىي تاقابىل تۇرۇش ـ ياردەم بېرىش قاتارلىق جەھەتلەردىكى مۇھىم بايانلىرىنى ئۆگىنىش مۇھىم نۇقتىسى قىلىپ، 7 ـ ئاينى «مەخسۇس تېملىق پارتىيە دەرسى ئېيى» قىلىپ بېكىتتى.

—— قىزىل گېنىغا ۋارىسلىق قىلىپ، ئىنقىلابىي ئەنئەنىدىن داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلەيدىغان مەنىۋى ئوزۇق ئېلىش.

جۇڭچىڭ پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلارنى قىزىل قىيا ئىنقىلابىي تارىخىي مۇزېيى، جۇڭگۇڭ سارىيى، جازدۇڭ، بەيگۇڭ سارىيى قاتارلىق جايلارنى ئېكسكۇرسىيە قىلىشقا تەشكىللەپ، «تۆرمىدىكى سەككىز ماددا»نى تەكرارلىدى، «قىزىل قىيا روھى»نى ئەۋج ئالدۇردى؛ جياڭشى پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلارنى رۇيجىن، يۈدۇغا كېلىپ، قىزىل ئارمىيەنىڭ ئۇزۇن سەپەر ھېكايىلىرىدىن ئىنقىلابىي غايە ـ ئېتىقادنى ھېس قىلىشقا تەشكىللىدى؛ جېجياڭ باش تېما تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇشنى «قىزىل كېمە پۇرىقى» «جېجياڭ پۇرىقى»غا ئىگە قىلىشنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويدى.

مەدەنىيەت ۋە ساياھەت مىنىستىرلىقى مىنىستىرلىق سىستېمىسىدىكى قىزىل مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى، قىزىل كلاسسىك ئەسەرلەر، قىزىل كلاسسىك تىياتىرلار، قىزىل ساياھەت قاتارلىق ئۆزگىچە بايلىق ۋە ئەۋزەل شارائىتلاردىن تولۇق پايدىلىنىپ باش تېما تەربىيەسىنى قانات يايدۇردى؛ جۇڭخې گۇرۇھى پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلارنى «ئىككى بومبا، بىر سۈنئىي ھەمراھ» روھى، «تۆت ھەممىدىن ئۈستۈن» يادرو سانائىتى روھىنى زور كۈچ بىلەن ئەۋج ئالدۇرۇشقا چاقىردى؛ جۇڭگو قورال ـ ياراغ سانائىتى گۇرۇھى كەڭ پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلارنى «بارلىقنى پارتىيەگە تەقدىم قىلىدىغان» خەلق ئەسكەرلىرى روھىنى ئەستە چىڭ ساقلاشقا چاقىردى.

—— ئىلغار تىپلارنىڭ ئۈلگىلىك، يېتەكچىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئۆگىنىشتە ئۈلگە بولۇش، ھەرىكەتتە يۆنىلىش بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش.

خۇبېي «قەھرىمان جاڭ فۇچىڭدىن ئۆگىنىش، ئەسلى مەقسەتنى چىڭ ساقلاپ، بۇرچنى زىممىگە ئېلىش» پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، ئەسلى مەقسەتكە سېلىشتۇرۇپ پەرقلەرنى تاپتى، ئۈلگىنى ئەسلەپ، قايتا ئويلىنىپ پارتىيەۋىيلىكنى كۈچەيتتى؛ فۇجيەن يولداش لياۋ جۈنبودىن ئۆگىنىش قاتارلىق پائالىيەتلەرنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، كەمتەر بولۇپ ئەمەلىي ئىش قىلدى، يەڭنى تۈرۈپ غەيرەت بىلەن ئىشلىدى؛ جياڭسۇ كەڭ پارتىيە ئەزالىرىنى ۋاڭ جىسەيدىن ئۆگىنىشكە تەشكىللەپ، «ئەسلى مەقسىتىمىز نېمە، بۇرچىمىز نېمە ئىش قىلىش، كۈرەش قىلىشتا نېمىدە بەسلىشىمىز» مەخسۇس تېمىسىدىكى مۇزاكىرىنى قانات يايدۇردى؛ خېنەن «روھقا ۋارىسلىق قىلىش —— خېنەندىكى ئىلغار نەمۇنىچىلارنىڭ ئىش ئىزلىرى سەييارە لېكسىيە ئۆمىكى»نى تەشكىللەپ قۇرۇپ، پۈتۈن ئۆلكىدە سەييارە لېكسىيە سۆزلەشنى قانات يايدۇردى.

## مەسىلىنى يۆنىلىش قىلىش ئەمەلىي ئۈنۈمنى كۆزلەش

باش تېما تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇش مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈندۇر، باش تېما تەربىيەسىنىڭ نەتىجە ـ ئۈنۈمىنى ئۆلچەشنىڭ ئاچقۇچى مەسىلىنىڭ قانداق ھەل قىلىنغانلىقىدا.

پىچاق بىسىنى ئىچىگە قارىتىپ مەسىلىنى تېپىش، نىشانلىق تۈزىتىشنى تۇتۇپ، «تۈزىتىش»نى باشتىن ـ ئاخىر ئىزچىللاشتۇرۇشتا چىڭ تۇرۇش، مەركەزلىك تۈزەشنى قانات يايدۇرۇش ——

تيەنجىن پىرىستان مەدەنىيىتى، چەمبىرەك مەدەنىيىتى، ياخشىچاقلىق قاتارلىقلارنى تۈزەشنى مەخسۇس تۈزەش ۋەزىپىسىگە كىرگۈزدى؛

شەندۇڭ باشلىنىشىدىلا تۈزەشتە چىڭ تۇرۇپ، ئۆلكە دەرىجىلىك قاتلامدىن توققۇز تۈرلۈك تۈزەش ۋەزىپىسىنى بېكىتتى؛

شەنشى چىنلىڭ تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكى شىئەن چېگراسى ئىچىدىكى داچا مەسىلىسىنى مەخسۇس تۈزەش نەتىجە ـ ئۈنۈمىنى مۇستەھكەملەپ، كېڭەيتىپ، باش تېما تەربىيەسىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا ياخشى ئاساس سالدى؛

چىڭخەي پارتىيە ئەزالىرى دىنغا ئېتىقاد قىلىش ۋە دىنىي پائالىيەتلەرگە قاتنىشىش، قائىدە، ئىنتىزامغا خىلاپ ھالدا پارتىيەگە ئەزا تەرەققىي قىلدۇرۇش قاتارلىق مەسىلىلەرنى مەخسۇس تۈزەشكە كىرگۈزدى؛

قاتتىق، ئەمەلىي بولۇش، شەكىلۋازلىق، بيۇروكراتلىق مەسىلىلىرىنى قەتئىي تۈگىتىش ——

ئالىي خەلق تەپتىش مەھكىمىسى شەكىلۋازلىق، بيۇروكراتلىقتىن قاتتىق ساقلىنىشنى ئاساسىي قاتلامنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىش خىزمىتىنىڭ نۇقتىلىق مەزمۇنى قىلىپ، ئالاقىدار تەييارلىق خىزمەتلەرنى مۇددەتتىن بۇرۇن ياخشى ئىشلىدى؛

سەنشى پۈتۈن ئۆلكە بويىچە شەكىلۋازلىق، بيۇروكراتلىقنى مەخسۇس تۈزەش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇشقا تەييارلىق قىلدى؛

گوۋۇيۈەن نامراتلارنى يۆلەش ـ روناق تاپقۇزۇش ئىشخانىسى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتىكى شەكىلۋازلىق، بيۇروكراتلىق گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى چوڭقۇر تەكشۈرۈپ تاپتى.

ئەمەلىي تەدبىر، قاتتىق تەدبىر قوللىنىش، خەلق ئۈچۈن مەسئۇلىيەتنى تولۇق ئادا قىلىش، خەلقنىڭ مەنپەئىتىنى كۆزلەشتىكى ئەمەلىي نەتىجە ـ ئۈنۈم ئارقىلىق خەلقنىڭ ئىشەنچىگە ئېرىشىشتە چىڭ تۇرۇش ——

دۆلەت تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات كومىتېتى دىققەتنى ئامما ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغان، ئەڭ رېئال مەنپەئەت مەسىلىلىرىگە مەركەزلەشتۈرۈشنى تەكىتلەپ، تۈگۈنلەرنى تولۇق ئانالىز قىلىپ، ھەقنى تۆۋەنلىتىش، نامراتلارنى يۆلەش، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، باھا قاتارلىق جەھەتلەردىكى مەسىلىلەرنى ياخشى ھەل قىلدى؛

ئېكولوگىيەلىك مۇھىت مىنىستىرلىقى نازارەت قىلىشنى سىجىل يەنىمۇ كۈچەيتىپ، يەرلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى ئاسراش خىزمىتىنى ئالغا سىلجىتىشقا ھەيدەكچىلىك قىلىپ، ياردەم بېرىپ، يار ـ يۆلەك بولۇپ، كارخانىلارنىڭ بۇلغىمىنى تۈزەش ئېھتىياجىغا ئۇدۇللىشىپ، ئۇنى قوللاپ، پۇقرالارنىڭ ئىنكاسى كۈچلۈك بولغان ئېكولوگىيەلىك مۇھىت مەسىلىلىرىنى ھەقىقىي ھەل قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويدى؛

يېزا ئىگىلىكى، يېزا مىنىستىرلىقى باش تېما تەربىيەسىنى «يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار» خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، يېزىلارنىڭ ئولتۇراقلىشىش مۇھىتىنى تۈزەش قاتارلىق نۇقتىلىق خىزمەتلەرنى پائال ئالغا سىلجىتىشنى تەلەپ قىلدى؛

جياڭشى بۇ قىزىل تۇپراقتا خىزمەت قىلىۋاتقان ھەر بىر پارتىيە ئەزاسى، كادىرنى كۈچلۈك مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى، بۇرچ تۇيغۇسى بىلەن كونا رايونلاردىكى خەلقنى تېخىمۇ بەختلىك، گۈزەل تۇرمۇشقا ئېرىشتۈرۈپ، تېخىمۇ ياخشى نەتىجىلەر ئارقىلىق ئىنقىلابىي قۇربانلارغا تەسەللىي بېرىشكە چاقىرىق قىلدى.

…

ئاممىنىڭ قەلب سادالىرىنى قەلبىگە پۈكۈش پارتىيەنىڭ ئەسلى مەقستى، ھەم پارتىيەنىڭ قەتئىي ئىرادىسى. باش تېما تەربىيەسىنىڭ چوڭقۇر قانات يايدۇرۇلۇشىغا ئەگىشىپ، كەڭ پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلار ئىدىيەدە يەنىمۇ تاۋلىنىش، ئەسلى مەقسەتتە يەنىمۇ ئويغىنىش، بۇرچتا يەنىمۇ يۈكسىلىش، ساداقەتتە يەنىمۇ تاۋلىنىش داۋامىدا، يېڭى دەۋردە جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەشنىڭ قۇدرەتلىك كۈچىنى ئۇرغۇتىدۇ.

(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 6 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)